# «بۇ يەردە پۇرسەت كۆپ، تەرەققىيات بوشلۇقى چوڭ»

«چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى شىنجاڭ»

□ مۇخبىرىمىز جاۋ يۈ

«شىنجاڭلىقلار قىزغىن، دوستانە، شەھەرلىرى گۈللەپ راۋاجلانغان، بۇ يەردە پۇرسەت كۆپ، تەرەققىيات بوشلۇقى چوڭ!» 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلەيدىغان نوسىيبۇ مەنسۇر مۇخبىرغا شۇنداق دېدى.

نوسىيبۇ تۈركمەنىستاندىن كەلگەن بولۇپ، شىنجاڭ داشۆ خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شۆيۈەنى خەنزۇ تىلى كەسپىنىڭ 4 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى. بۇ يەرگە ئوقۇشقا كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇ فىلىم ۋە تېلېۋىزور ئارقىلىق گۇمپا ئارتىسى چېڭ لۇڭ بىلەن تونۇشقاندىن باشقا، جۇڭگو ۋە جۇڭگو شىنجاڭ توغرىسىدا ئاساسەن ھېچنېمىنى بىلمەيتتى.

نوسىيبۇنىڭ 2016 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل تۇپراققا تۇنجى قېتىم قەدەم قويغان ۋاقىتتىكى ئەھۋالى ئېنىق ئېسىدە. «تۇرار جايىمغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر خىل ئالاھىدە خۇش پۇراق دىمىقىمغا ئۇرۇلدى، بۇ بىر خىل مەززىلىك تاماقنىڭ پۇرىقى ئىدى.» تۆت سائەتكە يېقىن ئايروپىلاندا ئولتۇرغان نوسىيبۇنىڭ شۇ چاغدا قورسىقى ئىنتايىن ئېچىپ كەتكەن بولۇپ، دىمىقىغا ئۇرۇلغان پۇراق ئۇنىڭغا ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت بۇ شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقىنى ھېس قىلدۇرغانىدى.

بىر نەچچە يىلدا، ئۇنىڭ جۇڭگو تىلى سەۋىيەسى ناھايىتى تېز ئۆستى. «سىنىپ مۇدىرى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ، مەيلى ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلار بولسۇن ياكى كوچىدا ئۇچرىغان كىشىلەر بولسۇن، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق، باشقىلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىدىكەن. گەرچە ئۈرۈمچىدە قىش پەسلى ناھايىتى سوغۇق بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى كىشىلەر ئىنتىپاق، سەممىي، دوستانە ئىكەن، مەن بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالدىم.» نوسىيبۇنىڭ دېيىشىچە، يىل ئاخىرى يېقىنلاشقانسېرى، ئۇ يېڭى يىللىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ رېپېتىتسىيەسى ئۈچۈن كوچا ئۇسسۇلى مەشىق قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن بولۇپ، يەنە ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئىلمىي ماقالىسى يازىدىكەن، پات يېقىندا ئېلىنىدىغان يېڭى خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى HSK (6 - دەرىجە)غا تەييارلىق قىلىدىكەن، ۋاقىت ئىنتايىن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بۇ يىللاردا، نوسىيبۇ ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ تېز تەرەققىي قىلغانلىقىنى، شەھەر يوللىرىنىڭ تېخىمۇ زامانىۋىلاشقانلىقىنى، كوچا مۇھىتىنىڭ پۈتۈنلەي يېڭىلانغانلىقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ خۇالىڭ بازىرى ۋە سودا شەھەرچىسىگە بارغان، دوستلۇق سودا سارىيى ۋە شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرىنى ئايلىنىپ چىققان، ئۇ بۇ شەھەردە تاۋارلارنىڭ ئىنتايىن مول، ھەممىلا يەرنىڭ ئاۋات بولۇپ ھاياتىي كۈچكە تولغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. «مەن ھازىر سەپەرگە چىقسام دائىم مېتروغا ئولتۇرىمەن، شىنجاڭ داشۆدىن خەلقئارا ئايروپورتقىچە بولغان يولنى ھەممىدىن پىششىق بىلىمەن».

ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، نوسىيبۇنىڭ ئوقۇشتىن سىرتقى تۇرمۇشىمۇ مول مەزمۇنلۇق بولغان. ياز كۈنلىرى ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن نەنسەنگە بېرىپ سالقىنداپ، كاۋاپ يېگەن؛ قىش كۈنلىرى ئۇ ئۈرۈمچى يىپەك يولى خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانىدا يەككە تاختا بىلەن قار تېيىلىشنى ئۆگەنگەن؛ بەزى ھەپتە ئاخىرىدا، دوستلار ئۇنى ۋېيستىي ئىستىراھەت كەنتىگە بېرىپ ئارىشاڭغا چۆشۈشكە تەكلىپ قىلغان. ئۇ شىنجاڭدا چوكا ئىشلىتىشنى ئۆگەنگەن، خوگو يېگەن، ئاچچىق يېيىشنى ياقتۇرۇپ قالغان. «ئائىلەمدىكىلەر ئازراقمۇ ئاچچىق يېيەلمەيدۇ.» ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەن يەنە ساۋاقداشلىرىمدىن توردىن مال سېتىۋېلىشنى ئۆگىنىۋالدىم، كېيىملىرىمنىڭ ھەممىسىنى توردىن سېتىۋالغان...

«ۋاقىت بەك تېز ئۆتۈپ كەتتى، 2020 - يىلى داشۆنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتكۈزىمەن!» نوسىيبۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن تەرجىمانلىق، سودا قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايمەن، شىنجاڭدىكى ئوقۇش ھاياتىم مېنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمدىكى بىر كۆزنەك بولۇپ، ھەممە يەرنىڭ پۇرسەتكە تولغانلىقىنى كۆردۈم. مەن جۇڭگونىڭ ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىشنى ئويلىشىۋاتىمەن. «مېنىڭ كەلگۈسىدىكى خىزمەت، تۇرمۇشۇم، چوقۇم شىنجاڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ» دېدى نوسىيبۇ.

# بىز شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

ساۋ خۇگېيەن بىلەن تۇرسۇنجاننىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ قەمەرنىسانىڭ قوشنىلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ ئۇلار بىلەن سالاملاشتى.

«ئۆيدە سۇ، توك، گاز، ئاشخانا، ھاجەتخانا، مۇنچا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بار، بىز شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز. بىز پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر خۇشال بولۇپلا قالماي، پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى خۇشال» قەمەرنىسا خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالغانىدى.

«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بولمىسا، كەنت ئاھالىلىرى بۇ ئۆمرىدە قانداقمۇ بۇنداق ياخشى ئۆيلەردە ئولتۇرالىسۇن، بۇنداق ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلىسۇن!» دېدى تۇرسۇنجان.

قەمەرنىسانى ئەڭ خۇشال قىلغىنى شۇكى، پۈتۈن كەنتتىكىلەر ئەسلىھەلىرى تولۇق يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرىپلا قالماي، كەنتىمىزمۇ بارغانسېرى گۈزەللەشكەنلىكى، بارغانسېرى باياشاتلاشقانلىقى، بارغانسېرى مەدەنىيلەشكەنلىكى.

«ئىلگىرى ئىسمى - جىسمىغا لايىق خاڭدى كەنتى ھازىر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹مىڭلىغان كەنتنى ئۈلگە قىلىپ تىكلەش، ئونمىڭلىغان كەنتنى تۈزەش› قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتىگە ئايلاندى، بۇلار كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ بىللە ئىشلىگەنلىكىدىن بولدى» دېدى قەمەرنىسا.

«ھازىر، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى، تۇرالغۇ مۇھىتى ياخشىلاندى، كىشىلەرمۇ كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن روھلۇق بولدى، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى تېخىمۇ تولۇپ تاشتى» دېدى ساۋ خۇگېيەن.

«توغرا! ئىلگىرى بىز ھازىرقىدەك بۇنداق ياخشى مەنزىرىنى نەدىمۇ ئويلاپ يېتەلەيتتۇق. ھەممىمىز تومپايدى، مۇھىتىمىز ياخشىلاندى، كۆڭلىمىزمۇ ئازادىلىككە تولدى، بۇنىڭ ھەممىسىنى پارتىيەنىڭ ياخشى سىياستى ئېلىپ كەلگەن» دېدى قەمەرنىسا مېھمانخانىدىكى سافادا چۆرىدەپ ئولتۇرغان قوشنىلىرىنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلغاچ.

«ئالدىنقى يىلى كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى كەنتتىكىلەرنىڭ گۆش كەپتىرى كىرگۈزۈپ بېقىشىغا ياردەملىشىپ، پوسكام ناھىيە شياڭنيەن چارۋا، ئۆي قۇشلىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى قۇردى، پۈتۈن كەنتتىكى 85 ئائىلىلىك نامرات ئائىلە گۆش كەپتىرى بېقىشقا قاتناشتى. ماڭا ئوخشاش نامرات ئائىلىدىكىلەر ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلىسە، مائاشىلا بىر يىلدا 30 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ» دېدى كەنت ئاھالىسى نۇرئەخمەت نورۇز.

«يەڭگە، ئائىلەڭلارنىڭ بۇلتۇرقى كىرىم ئەھۋالى قانداق بولدى؟» دەپ سورىدى تۇرسۇنجان كۈلۈپ تۇرۇپ.

«نەچچە كۈن ئىلگىرى بىز باللىرىمىز بىلەن بىرلىكتە ھېسابلاپ باققانىدۇق، تەخمىنەن جەمئىي 130 مىڭ يۈەن بوپتۇ» دېدى قەمەرنىسا جاۋابەن.

«خوتۇنۇم كەنتتە ئاچقان ئاشخانىدىنمۇ بىر يىلدا ئاز دېگەندە 20 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدۇ» دېدى نۇرئەخمەت گەپ قىستۇرۇپ، «ئائىلەمدە ئۈچ جان بار، بۇلتۇرقى ئومۇمىي كىرىمىمىز 58 مىڭ 600 يۈەن بولدى».

بۇ يىللاردا خاڭدى كەنتى كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، كەسىپ ئارقىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، 2014 - يىلدىكى 7683 يۈەندىن 2018 - يىلدىكى 12 مىڭ 848 يۈەنگە كۆپەيتتى.

خاڭدى كەنتىدە ماڭغىنىڭىزدا، كوچا - يوللار ئازادە، ئۆيلەر رەتلىك، يوللار ھەممە تەرەپكە تۇتاشقان بولۇپ، ھەممىلا جايدا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆمىدكە تولغان تەبەسسۇمىنى كۆرگىلى بولىدۇ... بىر پارچە «پاكىز، يېشىل، راۋان، گۈزەل» بولغان گۈزەل يېزا - كەنت يۈگمە رەسىمى كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولىدۇ.

# دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بەخت يولىمىزدىكى توسالغۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇ مەن بىرىنچى دېگۈچە ئوغلۇمنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، كەنتتىكى بىر ئاتالمىش «دىنىي زات»نىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ «دىنىي زات» بىر دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇر بولۇپ، ئۇ بىر بۆلەك ئايەت ئوقۇغاندىن كېيىن ماڭا پەقەت «ئاللا»غا چىن كۆڭلۈمدىن ئېتىقاد قىلساملا، بالىنىڭ كېسىلىنىڭ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن دەرۋەقە ئوغلۇمنىڭ قىزىتمىسى ياندى، شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرغا ۋە دوستۇمغا قاتتىق ئىشىنىدىغان بولدۇم. ھازىر ئويلاپ باقسام، بۇ بىر تاسادىپىيلىق ئىكەن، ھېلىمۇ ياخشى بالامنىڭ كېسىلى ئېغىر ئەمەس ئىكەن، بولمىسا مەن چوقۇم پۇشايمانىنى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىدىكەنمەن.

كېيىن دوستۇم دائىم ماڭا يان تېلېفوندىكى بەزى ئۈن - سىن كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرسىتىپ، ماڭا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى سىڭدۈردى، مەن ئاستا - ئاستا خەنزۇلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىدىغان بولدۇم. بەزىلەر ماڭا پۈتۈڭخۇادا سۆزلىگەندە، مەن ئېنىق چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ، يالغاندىن چۈشەنمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئىچىمدە ئۇلارنى «كاپىر» دەپ تىللىدىم.

مېنىڭ بۇ چېكىدىن ئاشقان ئىپادىلىرىم ئېرىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇ مېنىڭ بۇ خىل خاتا ئىدىيەم ئۆيدىكىلەرگە زىيان يەتكۈزۈپلا قالماي، ھەتتا بالىنىڭ كەلگۈسىنىمۇ نابۇت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئېرىمنىڭ گېپى خۇددى بېشىمدىن بىر داس سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك مېنى ئىختىيارسىز ئەندىكتۈرۈۋەتتى. بىر نەچچە قېتىم چوڭقۇر پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇ مېنى تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى.

مەن ئېرىمنىڭ تەكلىپى بىلەن ئونسۇ ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كەلدىم، بۇ يەرنىڭ مۇھىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، ياتاق، تاماق ھەممىسى ھەقسىز ئىكەن. بۇ يەردە، مەن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىپ، نېمىنىڭ دىنىي ئەسەبىيزم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىزگە قانداق قورقۇنۇچلۇق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. تەلىم - تەربىيە مەركىزى ماڭا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىتىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى قەلبىمدە چوڭقۇر ساقلانغان «كېسەل»نى داۋالاپ ساقايتتى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئوقۇتقۇچىلار بىزگە يېقىن كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك كۆڭۈل بۆلدى. بىر كۈنى كەچتە، مېنىڭ ئۆت خالتىسىغا تاش چۈشۈش كېسىلىم تۇيۇقسىز قوزغىلىپ، ئاغرىقتىن قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىم. ئامىنە ئابلا مۇئەللىم خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال مېنى مەكتەپ داۋالاش ئۆيىگە ئاپىرىپ داۋالاتتى. مەن كېسەل كارىۋىتىدا ياتتىم، ئامىنە مۇئەللىم يېنىمدا ئولتۇرۇپ، قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ كۆيۈنگەن ھالدا مەندىن: «بالام، يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟ ئازراق ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇ توختىماي لۆڭگە بىلەن تەرىمنى سۈرتۈپ تۇردى. مۇئەللىمنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىشى بىلەن ئۇخلاپ قالغىنىمنى تۇيماپتىمەن. ئەتىسى ئويغىنىپ مۇئەللىمنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆرۈپ بەك تەسىرلەندىم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، مەن ھەر كۈنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن يىراق تۇرۇشقا بەل باغلىدىم. مەن ئېرىمدىن بەك مىننەتدار، ئەگەر ئۇ مېنى تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرمىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. ئەگەر قەلبىمدە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى يامراپ كەتكەن بولسا، مەن ئۆزۈمنى، ھەتتا پۈتۈن ئائىلەمدىكىلەرنى چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەتكە سۆرەپ كىرگەن بولاتتىم.

2019 - يىلى 4 - ئايدا تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەندە ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىش ئىقتىدارى بار بولدى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى بار بولدى، ئۆزۈمنى ياخشى قوغداپ، ئائىلەمدىكىلەرنى ياخشى قوغداپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ چىرىتىشىدىن يىراق تۇرۇشقا ئىشەنچىم بار بولدى.

ھازىر مەن كەنتىمىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرى. مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن ئېلېكترونلۇق سودا بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر تور دۇكىنى ئېچىپ، يۇرتداشلارنىڭ ياڭاق قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى توردا سېتىشىغا ياردەم بەردىم، سودا ناھايىتى ياخشى بولدى. كۆپچىلىكنىڭ كىرىمىنىڭ ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ، مەن بەك پەخىرلەندىم.

ئوغلۇم ھازىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، مەن دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ئۆگىنىمەن، ئۇنى كۆپرەك كىتاب ئوقۇپ، مەدەنىيەت ئۆگىنىپ، ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بەختلىك تۇرمۇش يارىتىشقا دەۋەت قىلىمەن.

ئېرىم مېنىڭ ئالغا باسقانلىقىمدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكىمنى ئېيتتى، ئائىلىمىزنىڭ كەيپىياتىمۇ بۇرۇنقىدىن ئىناق بولۇپ، ھەر كۈنى كۈلكە ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. مەن دائىم دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بەخت يولىمىزدىكى توسالغۇ ئىكەن، ھېلىمۇ ياخشى بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرلىشىپ ئۇنى يوقاتتۇق، دېگەنلەرنى ئويلايمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەر تېخى ناھايىتى ئۇزاق، مەن ئەمدى ھەرگىز گاڭگىراپ قالمايمەن، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى كۆڭۈل قويۇپ قوغدايمەن.

(مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا رەتلىگەن)

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# لى شياڭچۈن: ھاياتى بىلەن سەلتەنەتلىك ھاياتنىڭ زەپەر مارشىنى پۈتۈش

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى مېي شىشيۇك



لى شياڭچۈننىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

لى شياڭچۈن خەينەن ئۆلكىسى خەيكۇ شەھىرى چيۇڭشەن رايونىدىن، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن كېيىن بېيىغان ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1996 - يىلى 12 - ئايدا، ئۇ ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، سابىق گۇاڭجوۇ ھەربىي رايونى مەلۇم جىتۈەنجۈن«تاشەن مۇداپىئە قەھرىمان تۈەنى» 9 - لىەنى (ھازىرقى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 75 - جىتۈەنجۈن مەلۇم لۈيى 1 - يىڭ 2 - لىەن)گە كىرگەن. 1998 - يىلدىكى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا، ئۇ يېنىك يارىلانغان بولسىمۇ ئالدىنقى سەپتىن ئايرىلماي، ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىگىچە كۈرەش قىلىپ، 20 ياشلىق ھاياتى بىلەن يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان قەھرىمانلىق قەسىدىسىنى پۈتكەن.

ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن كېيىن، لى شياڭچۈن ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خوجايىنلىق قىياپىتى بىلەن ئۆتتەك قىزغىن لىەندۈي تۇرمۇشىغا پائال ئاتلانغان ——

مەشىق جەريانىدا، ئۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ مەشىق ماھىرىغا ئايلانغان؛

تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن ئىلغارلىقنى تالىشىپ، «پاراۋۇز» بولغان؛

ئۆگىنىشتە، ئۇ ئىشتىياق بىلەن دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ ماڭغان.

ناھايىتى تېزلا، لى شياڭچۈن بىر يەرلىك ياشتىن لاياقەتلىك ئەسكەر بولۇش، ئارقىدىنلا مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇشتەك ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. 1997 - يىلى ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۈەن، يىڭ، لىەن تەرىپىدىن ئۈچ قېتىم تەقدىرلەشكە ئېرىشكەن، يىل ئاخىرىدا «مۇنەۋۋەر ئەسكەر» بولۇپ باھالانغان. 1998 - يىلى 4 - ئايدا، ئۇ ئۆپتىكىلىق كابېل ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنداپ، شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

لى شياڭچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن مەنىۋى بايلىققا ئىنتىلگەن. ئۇ دائىم: «خەلققە ھەقىقىي رىشتە باغلاش، جەمئىيەتكە مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش مېنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىم» دەيتتى.

لى شياڭچۈن قەيەرگە بارسا، ياخشى ئىشنى شۇ يەرگىچە قىلغان. دالىدا تۇرۇپ مەشىق قىلغان چاغدىكى بىكار ۋاقىتلاردا، ئۇ يۇرتداشلىرىغا ياردەملىشىپ شال ئورۇۋېلىشىپ بەرگەن، بەيگو مېۋىسى ئۈزۈشۈپ بەرگەن، دەرەخ ئورىكى كولىشىپ بەرگەن؛ ھەربىي مانېۋىر ئارىلىقىدا، ئۇ مېيىپ، پېشقەدەم ھەربىيلەرگە ياردەملىشىپ سۇ توشۇپ بەرگەن، ئوتۇن يېرىپ بەرگەن، كىر يۇيۇپ بەرگەن، تاماق ئېتىپ بەرگەن، كونا ئۆيلىرىنى ئاقارتىپ بەرگەن؛ ئۆپتىكىلىق كابېل قۇرۇلۇشى مەزگىلىدە، ئۇ ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرالماي ئوقۇشتىن چېكىنمەكچى بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ياڭ لى ئۈچۈن ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن...

1998 - يىلى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزغان 17 كۈن لى شياڭچۈننىڭ ياشلىق ھاياتىدىكى ئەڭ شانلىق، پارلاق كۈن ——

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، لى شياڭچۈن قىسىم بىلەن بىللە جىڭجوۋغا بېرىپ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشقان؛

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، لىەندۈي بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يېتىپ بارغاندا، لى شياڭچۈن پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇنغان ھەم پارتىيە ئەزالىرى زەربىدارلار ئەترىتىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغان؛

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، جىڭجوۋ تەيپىڭكوۋ بەخت توسمىسىدا نەيچە بۆلاق پەيدا بولۇپ، دەريا يۈزىدە ئەگرى - بۈگرى تېز ئېقىن شەكىللىنىپ، قايناپ ئۆرلىمەكتە. لى شياڭچۈن سۇغا جەددىي سەكرەپ چۈشۈپ، كاۋاكنى تەكشۈرگەن. سۇ ئاستىغا چۆككەندە، سول پۇتىنى توسما قاپقىسى تۆت سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا يىرتىۋەتكەن، قان توختىماي ئاققان، ئۇ ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، سۇ ئاققان ئورۇننى توغرا تېپىپ، توسمىغا چىققاندىن كېيىن يەنە نەيچە بۆلاقنى ئېتىش جىڭگە ئاتلانغان؛

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۇدا 14 سائەت كۈرەش قىلغان لى شياڭچۈننىڭ بېشى قېيىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن، ئۇ چۈشتىن كېيىنگىچە بەرداشلىق بېرىپ، ئاخىر ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلغان، تېمپېراتۇرىسى 40 سېلسىيە گرادۇسقا يەتكەن؛

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت 14 ئەتراپىدا، گۇڭئەن ناھىيەسى نەنپىڭ بازىرى تيەنشىڭ توسمىسىدا نەيچە بۆلاق بايقالغان، ئاسما ئوكۇل سالدۇرۇۋاتقان لى شياڭچۈن جىددىي يىغىلىش پۈشتەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يىڭنىنى تارتىۋېتىپ، توسمىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، قۇم خالتىسىنى كۆتۈرۈپلا يۈگۈرگەن. لېكىن، نەچچە ئون قۇم خالتىسىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە، چىرايى كۆكىرىپ، يەنە بىر قېتىم توسمىدا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغان؛

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سائەت 8 ئەتراپىدا، نەنپىڭ بازىرىنىڭ جۇڭدوۋ بۆلىكىدە ئېچكى سىيرىلىش يۈز بەرگەن. جىددىي يىغىلىش پۈشتەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، لى شياڭچۈن يەنە كېسەل كارىۋىتىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ، جىداۋيۈەننىڭ دىققەت قىلمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش قوشۇنىغا داۋاملىق قوشۇلغان. سائەت 10 ئەتراپىدا، لى شياڭچۈن يەنە ھوشىدىن كەتكەن، كەنت ئاھالىلىرى ئۇنى سالقىن جايغا يۆلەپ ئاپارغان. ھوشىغا كەلگەن لى شياڭچۈن داۋاملىق قەتئىي كۈرەش قىلغان. 20 نەچچە قۇم خالتىسىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئىنتايىن ھالسىزلىنىپ چارچاپ كەتكەنلىكتىن توسمىدا يىقىلىپ چۈشۈپ، قان قۇسۇپ ھوشىدىن كەتكەن.

ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، لى شياڭچۈن ئاجىز ئاۋازدا جىداۋيۈەن ۋاڭ جەنفېيغا مۇنداق دېگەن: «كەچتە يەنە ۋەزىپە بارمۇ؟ چوقۇم مېنى بارغىلى قويۇڭ...»

لى شياڭچۈن قۇربان بولغاندىن كېيىن، سابىق گۇاڭجوۇ ھەربىي رايونى ئۇنىڭغا «كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەزىمەت» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن ھەم ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان بەنگە «لى شياڭچۈن بەنى»، ئۇ تۇرۇشلۇق لىەنگە «لى شياڭچۈن لىەنى» دەپ نام بەرگەن. 1999 - يىلى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت لى شياڭچۈنگە «يېڭى مەزگىلدىكى قەھرىمان جەڭچى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن.

2000 - يىلى 3 - ئايدا، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، سابىق باش سىياسىي بۇ لى شياڭچۈننىڭ رەسىمىنى بىرتۇتاش ئىشلەپ، پۈتۈن ئارمىيەدىكى قىسىملارنىڭ لىەندىن يۇقىرى ئورۇنلاردا ئېسىشى، چاپلىشى ئۈچۈن بېسىپ تارقاتقان.

2018 - يىلى 9 - ئايدا، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى جاڭ سىدې، دۇڭ سۇنرۇي، خۇاڭ جىگۇاڭ، چيۇ شاۋيۈن، لېي فېڭ، سۇنىڭ، لى شياڭچۈن، ياڭ يېگۇك، لىن جۈندې، جاڭ چاۋدىن ئىبارەت ئون نەپەر قەھرىمان نەمۇنىچىنىڭ رەسىمىنى بىرتۇتاش باستۇرغان ھەم پۈتۈن ئارمىيەدىكى لىەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلارغا تارقاتقان.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى)